«ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش كۈنى»گە نەزەر

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ «تەنھەرىكەت چەمبىرىكى» ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جىڭ بو** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى 12 - قېتىملىق «ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش كۈنى»، بۇ يىللىق پائالىيەتنىڭ باش تېمىسى «ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشقا كۈچ قوشايلى.» ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەنتەربىيە تارماقلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، كۆپ خىل شەكىلدىكى ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ يۇقۇم مەزگىلىدىكى ئىشتىن سىرتقى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، بەدەن ساپاسىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، «تەنھەرىكەت چەمبىرىكى»نى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشى تەنھەرىكەتنى ياخشى كۆرىدىغان بولدى.

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان 4 - يەسلىلىك «ئائىلىدە بولۇپ بەدەن چېنىقتۇرۇش تەنھەرىكەت يىغىلىشى» باشلاندى. مۇخبىرنىڭ پائالىيەت باش بېتىدىن كۆرۈشىچە، 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە 1067 ماھىر قاتناشقان بولۇپ، جەمئىي ئالقىشلىنىش مىقدارى 110 مىڭدىن ئاشقان، باش بەتنى زىيارەت قىلىش مىقدارى 2 مىليون 250 مىڭ قېتىمغا يەتكەن.

ياشانغانلاردىن بالىلارغىچە ھەممىسى بۇ شادلىققا چۆمگەن تەنھەرىكەت يىغىلىشىغا قاتناشتى، ئۇلار يوللىغان سىنلار بەدەن چېنىقتۇرۇش گىمناستىكىسى، تەيجى گۇڭفۇسى، شەكىل چىقىرىپ تەپكۈچ تېپىش، ئارغامچا سەكرەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كۆپچىلىك ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇپ، قېرىنداشلىق مېھرىنى كۈچەيتتى.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش — تەنتەربىيە لاتارىيەسى لوڭقىسى» تۇنجى نۆۋەتلىك تور ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى باشلىدى، 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە، ھەر كۈنى قاتنىشىپ داكا قىلغانلار 10 مىڭ ئادەمدىن ئېشىپ، مۇسابىقىگە قاتناشقانلار 70 مىڭدىن ئېشىپ، ئىلى ئوبلاستى ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيانقى ئاممىنىڭ قاتنىشىش نىسبىتىدە يېڭى رېكورت يارىتىلدى.

پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەرمۇ بەس - بەستە «ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش كۈنى» يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، توردا مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش، ئىلمىي بەدەن چېنىقتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئوچۇق دەرسى تەسىس قىلىش، بىۋاسىتە كۆرسىتىپ ئوقۇتۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلمىي بەدەن چېنىقتۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، «ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش كۈنى» تور پائالىيىتى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما پائال قاتناشقان. ھەر دەرىجىلىك تەنتەربىيە تەشكىلاتلىرى ۋېيشىن، QQ، ئامما نومۇر قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق پائالىيەتنىڭ پۇقرالارنىڭ ئەتراپىغا يەتكۈزۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون مىقياسىدا ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش قىزغىنلىقىنى قوزغىغان.

توردا ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، توردىكى ئادەم سانى تېز كۆپىيىپ، جانلىق ئابونچىلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئېشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش «دوستلار چەمبىرىكى» ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، كىشىلەر ئورتاق تەنھەرىكەت قىزىقىشى بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئىزدىنىپ، شادلىققا چۆمۈپ، بەدىنىنى كۈچلەندۈرۈش، ساغلاملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە خۇشال كەيپىياتقا ئېرىشتى.

«تېخىمۇ كۆپ كىشىنى تۇرمۇشتا ‹ھەرىكەت›كە كەلتۈرگەندىلا، ‹ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە كۈچ قوشۇش›تەك تەنتەربىيە قىممىتى ھەقىقىي ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىدۇ» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى ئاممىۋى تەنتەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جېي خۇڭفېي.

# «شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ بىرىنچى پايچېكى» A پايچېكى بازىرىغا كىردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ گاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، شىنجاڭنىڭ ساياھەت تۈرىدىكى تۇنجى پايچېكى «غەربىي يۇرت ساياھىتى» شېنجېن ئاكسىيە بىرژىسىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش بازىرىدا بازارغا سېلىنىپ سودا قىلىندى، بۇ، «شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ بىرىنچى پايچېكى»نىڭ A پايچېكى بازىرىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

غەربىي يۇرت ساياھەتچىلىكى بۇ قېتىم 38 مىليون 750 مىڭ پاي چېكىنى ئاشكارا تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشكارا تارقاتقان يېڭى پاي چېكى 38 مىليون 750 مىڭ بولۇپ، ھەربىر پاي چېكىنىڭ تارقىتىلىش باھاسى 7.19 يۈەن بولدى، يېڭى پاي چېكى توپلىغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى 279 مىليون يۈەن، تارقىتىلغاندىن كېيىنكى ئومۇمىي پاي چېكى دەسمايىسى 155 مىليون پاي بولدى. غەربىي يۇرت ساياھەتچىلىكى بازارغا سېلىنغان تۇنجى كۈنى، پاي چېكىنىڭ باھاسى 8.63 يۈەندىن باشلىنىپ، ئۆرلەپ 10.35 يۈەندە توختىدى، ئۆرلەش نىسبىتى 43.95% بولدى.

غەربىي يۇرت ساياھەتچىلىكىنىڭ باش مۇدىرى ۋۇ كېپىيەن مۇنداق بىلدۈردى: بۇ قېتىمقى A پاي چېكىنى بازارغا سېلىشنى پۇرسەت بىلىپ، كاپىتال بازىرىنىڭ سىجىل مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ساياھەت مۇلازىمىتى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى بېيىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىركەتنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىمىز.

غەربىي يۇرت ساياھەت تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتى 2001 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، شىركەت ئاساسلىقى ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، مەنزىرە رايونى، مەنزىرە نۇقتىلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق ساياھەتچىلەرنى ساياھەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئاساسلىقى ساياھەت يولۇچىلار ترانسپورتى، ئېگىز تاغ ئاسما يولىدا تاماشا قىلىش، ساياھەت كېمىسىدە تاماشا قىلىش، ئارشاڭدا كۆڭۈل ئېچىش، ساياھەت كوپېراتىپى كەسپى ۋە مەدەنىيەت ئويۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

نۇرغۇن قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولدى. شۇڭا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئالاقىدار تەرەپلەر كۆپ قېتىم شىركەتكە كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى قىس بولۇش ۋە ئىشچى قىس بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، شىركەتنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئوڭۇشلۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى. ئالاقىدار تارماقلار كارخانىغا مەخسۇس خىزمەتچى خادىم ئەۋەتىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلدى، يەنە كارخانىنىڭ كۆپ تۈرلۈك ياردەم بېرىش - يۆلەش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا ياردەم بەردى.

شەنشى ئاپتوموبىل پاي كونترول گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى كې شيەنجى مۇنداق دېدى: «باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلات ئۈنۈمىنى ئۆستۈردۇق، ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىنى قىسقارتتۇق، بۇ يىل 5500 ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى تىرىشىپ تاماملاپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتكۈزىمىز ھەم يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىندىكى كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى يانداش مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 22 مىليون يۈەنگە يېتىشىگە تۈرتكە بولىمىز».

**[سىياسەت]** ئاپتونوم رايون «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى قوللاش توغرىسىدىكى 16 ماددىلىق تەدبىر»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرى مالىيە، پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، باج - ھەققىنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش، كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش، ئىجتىمائىي كاپالەت جەھەتتىن قوللاش، ئېلىم ھېساباتىدىكى قەرزنى تۆگىتىش، مۇلازىمەت كاپالىتى قاتارلىقلارغا چېتىشلىق مۇناسىپ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ئومۇميۈزلۈك كۈچ قوشتى.

**[ئەمەلىيلەشتۈرۈش]** ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق كارخانىلارغا «بىرگە بىر» ئالاقىلەشكۈچى ئەۋەتىش مېخانىزمى ئورناتتى، ئەۋەتىلگەن خادىم كارخانىغا چوڭقۇر «چۆكۈپ»، ئىشچى ئىشلىتىش، خام ئەشيا، توشۇش، مەبلەغ قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان توسۇق نۇقتا، قىيىن نۇقتىلارنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى. جۇ ۋېيجۈننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، شىركەت ئىشلەپچىقىرىشتا ئېھتىياجلىق زاپچاسلارنىڭ ھەممىسى شىئەندىن ئاپتوموبىل ئارقىلىق شىنجاڭغا توشۇپ كېلىنگەن ئىكەن. يىل بېشىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلار بارلىق ئامال - چارىلەر بىلەن، كۆپ تەرەپتىن ماسلاشتۇرۇپ، ئەشيا ئوبوروتىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغاچقا، كارخانا ئوڭۇشلۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن ھەم چاغاندىن بۇرۇنقى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ھازىرغىچە، شىركەت ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، توك ھەققى بويىچە بەھرىمەن بولغان كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان سومما جەمئىي 1 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، يەنە 50 مىڭ يۈەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسۇس ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغىدىن بەھرىمەن بولغان. 4 - ئايدا، شىركەت 1000 دانە ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى ئىشلەپچىقىرىپ، 2011 - يىلى زاۋۇت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى يېڭى سەۋىيەنى ياراتتى، پولات - تۆمۈر، بالون، توشۇش قاتارلىق كەسىپ زەنجىرىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىندىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان. شۇۋاڭچىيەن گۇرۇھى (شىنجاڭ) كوئېنلۈن بالون چەكلىك شىركىتى بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شەنشى ئاپتوموبىل پاي كونترول گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى 30 مىڭ يۈرۈش بالون بىلەن تەمىنلىگەن، بۇ، 2019 - يىلى پۈتۈن يىللىق مال بىلەن تەمىنلەش مىقدارىدىن ئېشىپ كەتكەن.

# ئاشپەزلىك ھۈنىرى كۆرسىتىلدى، ماھارىتى نامايان قىلىندى، دوست - بۇرادەرلەر، قولۇم - قوشنىلار بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ئۆتتى




□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، يۈ مېڭرەن، مېھرىگۈل غوپۇر

مەززىلىك تائاملارنى تەييارلاش، بەدەن چېنىقتۇرۇپ ھەرىكەت قىلىش، كىتاب ئوقۇش، رەسىم سىزىش... يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرىدە دوستلار، قولۇم - قوشنىلار ۋېيشىن، سىن ئارقىلىق، ئۆزگىچە بايرامنى بىللە ئۆتكۈزدى ھەم ئۆز ئارا قەلب رىشتىنى تېخىمۇ چىڭىتتى.

## مەن سىزگە پىنتاڭ ئېتىشنى ئۆگىتىپ قوياي

پىنتاڭ، پولۇ، ساڭزا... 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ رايونى شىمالىي نەنخۇ يولى شەرقىي مەھەللىسىدىكى ئاھالە چىپارگۈل زامان يەنە ئۆزى ئەتكەن مەززىلىك تائاملارنى سۈرەتكە تارتىپ مۇلۈك ئىگىلىرى ۋېيشىن توپىغا يوللىدى.

«پولۇنىڭ رەڭگىدىن قارىغاندا بەك ئوخشىغاندەك قىلىدۇ، يېگۈمىز بەك كەلدى!» «بۇنداق چىرايلىق تورتنى قانداق ياسىدىڭىز؟» قوشنىلارنىڭ سوئالىغا چىپارگۈل سەۋرچانلىق بىلەن بىر - بىرلەپ جاۋاب قايتۇردى. «بۇ بايرامدا سىرتقا چىقالمىغان بولساقمۇ، لېكىن قوشنىلار ئارا بەخت تىلەش ۋە ھەمتۈرتكە بولۇش ئارقىلىق، بەخت تۇيغۇمىز تولۇپ تاشتى» دېدى ئۇ.

چىپارگۈلنىڭ شىمالىي نەنخۇ يولى شەرقىي مەھەللىسىدە تۇرۇۋاتقىنىغا تۆت يىل بولدى، قوشنىلار بىلەن ناھايىتى ئېجىل - ئىناق ئۆتىدۇ، بولۇپمۇ ۋاڭ يۈگىلياڭ بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن دائىم ئۆز ئارا ياردەم بېرىپ، قېرىنداشلارچە دوستلۇق رىشتى ئورناتتى. چىپارگۈل بالىسى تېخى كىچىك بولغاچقا، ئادەتتە ۋاڭ يۈگىلياڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىنى خېلى كۆپ ئاۋارە قىلغانلىقىنى ئېيتتى. چىپارگۈل يوللىغان پىنتاڭنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ، ۋاڭ يۈگىلياڭمۇ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە ئالدىراپ كەتتى. چىپارگۈل تەييارلاشقا تېگىشلىك يېمەكلىك ماتېرىيالىدىن تارتىپ ئېتىشنىڭ ھەربىر باسقۇچلىرىغىچە ھەممىسىنى سۈرەتكە تارتىپ ۋاڭ يۈگىلياڭغا يوللاپ بەردى. «ئىلگىرى بايراملاردا مەن ئاكام بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ئۆيگە مېھمان بولۇشقا چاقىراتتىم» دېدى ئۇ.

چىپارگۈل مۇنداق دېدى: «مەھەللە خىزمەتچىلىرى ۋە پىدائىيلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن، مانا مۇشۇنداق كۆپ ئادەمنىڭ ئەجرى بولغاچقا، بىز ئۆيدە خاتىرجەم ئولتۇرۇۋاتىمىز. يۇقۇم ئاخىرلاشقاندا، مەن چوقۇم قولۇم - قوشنىلار ۋە مەھەللە كادىرلىرىنى ئۆيۈمگە پىنتاڭ ئېچىشكە تەكلىپ قىلىمەن».

## بىر پارچە رەسىم ئاچا - سىڭىللار مېھرىنى يەتكۈزدى

«قارىغا، مەن ئالايىتەن بىر پارچە رەسىم سىزدىم، بۇ، بىزنىڭ بىللە ئولتۇرۇپ پولۇ يەپ، ئەتكەنچاي ئىچىۋاتقان كۆرۈنۈشىمىز، گەرچە كەسپىي رەسساملاردەك سىزالمىساممۇ، لېكىن كۆڭلۈمنى ئىپادىلىدىم.» 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭشىيۈ مەھەللىسىدىكى ئاھالە ئەن شىن ۋېيشىن سىنى ئارقىلىق يېقىن دوستى رىزۋانگۈل روزىغا بەخت تىلىدى.

«مېنى ئوخشىتىپ سىزىپسىز، كېلەر قېتىم ئۆيۈمگە كەلگەندە چوقۇم رەسىمنى ئالغاچ كېلىڭ، مەن ياخشى ساقلاپ قويىمەن.» سىندا ئىككىيلەن ناھايىتى خۇشال پاراڭلاشتى.

ئەن شىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر گىرىم بۇيۇملىرى توپ سېتىش سودا شەھەرچىسىدە گىرىم بۇيۇملىرى تىجارىتى قىلىدۇ، رىزۋانگۈل بولسا يەسلى ئوقۇتقۇچىسى. ئون يىل ئىلگىرى، ئىككىسى دوستلار يىغىلىشىدا تونۇشۇپ قالغان. ئورتاق قىزىقىشى، ئۆز ئارا چىقىشىدىغان مىجەزى بىلەن ئۇلار بىر كۆرۈشۈپلا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ، دوستلۇقى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى.

2017 - يىلى ئەن شىننىڭ دادىسى تۇيۇقسىز ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا، رىزۋانگۈل دوختۇرخانىدا ئىزچىل ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. بوۋاينىڭ ياخشى ئوزۇقلىنالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، رىزۋانگۈل ھەركۈنى خىلمۇخىل سۇيۇق - سەلەڭ ھەم قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى ئېتىپ دوختۇرخانىغا توشۇدى. 2018 - يىلى رىزۋانگۈلنىڭ ئاپىسىنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئەن شىنمۇ بىرىنچى ۋاقىتتا دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدى...

تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلاردا ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، ئۆز ئارا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ قەلبى بارغانسېرى يېقىنلاشتى. «مۇشۇ يىللاردا، بىز بىر - بىرىمىزنىڭ خۇشاللىقى، غەم - قايغۇسىغا ئورتاقلاشتۇق، ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم كۆرۈشىمىز، چاغان ياكى قۇربان ھېيت بولسۇن، بىز بىر يەرگە جەم بولىمىز، ئاللىبۇرۇنلا بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتتۇق» دېدى رىزۋانگۈل.

«مەن ئادەتتە رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنداق ئۇچراشماي جەم بولۇشمۇ ياخشى بولىدىكەن، رەسىم ئارقىلىق سىڭلىمغا بولغان گۈزەل تىلەكلىرىمنى ئىپادىلىدىم، بىز بىر ئۆمۈر ياخشى ئاچا - سىڭىللاردىن بولۇپ ئۆتىمىز» دېدى ئەن شىن.

## ئۆيدە تۇرۇۋاتقاندىمۇ ھەرىكەت قىلىش

«ئۆكام، تىلىكىڭىزگە رەھمەت، بايرام خۇشاللىقى بىرگە بولسۇن، مەززىلىك تائاملارنى يەپ بولۇپ، ھەرىكەت قىلىشنى ئۇنتۇماڭ».

«يەر بېغىرلاش، پۇتنى كۆتۈرۈش، قورساق قاتلاش، ئولتۇرۇپ قوپۇش ھەرىكىتىنىڭ ھەربىرىدىن 100نى ئىشلىدىم! سىزمۇ غەيرەت قىلىڭ...»

بۇ مەزگىلدە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق خۇيزۇ يىگىت جىن جې ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئۇكىسى جاۋ شياۋپېڭ ھەر كۈنى ئۈندىدارىدا ھەرىكەت ئىشلەپ داكا قىلىپ، ئۆز ئارا ئىلھام بېرىپ، بەدەن چېنىقتۇردى.

«ئىلگىرى بىز دېيىشىپ چېنىقىش ئورنىدا ياكى دالىدا چېنىقاتتۇق، بۇ مەزگىلدە بىز ئۆيدە بەدەن چېنىقتۇردۇق» دېدى جىن جې.

جىن جې ئۈرۈمچىدىكى بىر چېنىقىش ئورنىنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش تىرېنېرى، جاۋ شياۋپېڭ ئادۋوكات بولۇپ، ئىككىيلەن بەدەن چېنىقتۇرۇش سەۋەبىدىن تونۇشۇپ قالغان. «شياۋپېڭ بىلەن تونۇشقىنىمغا ئالتە يىل بولدى، دەسلەپتە ئۇ مېنىڭ كۇرسانتىم ئىدى، مىجەزلىرىمىز بىرقەدەر ئوچۇق - يورۇق، خۇي - پەيلىمىز ماس كەلگەچكە، ئادەتتە بىللە بەدەن چېنىقتۇرۇپ، بىللە تاماق يەيتتۇق، قانداقلا غەم - قايغۇمىز بولسا ئۆز ئارا تەسەللىي بېرەتتۇق، كىم قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ياردەم قىلاتتۇق، ھازىر ياخشى ئاكا - ئۇكىلاردىن بولۇپ قالدۇق» دېدى جىن جې.

«ئۆيدە تۇرۇۋاتقان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭمۇ بىز بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىپ، بەدىنىگە كۈچ تولۇقلاپ، ساغلام روھىي ھالەت ۋە ساغلام تەن يېتىلدۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى جىن جې.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)